
جهاد سالم سدسکی نوفاجیر
هستم ملم منزگم رسال

# جىھاد ساھەسىدىكى مۇھاجىر

# ھەمشىرىلىرىمىزگە رىسالە

## الشيخ أبو يحيى الليبي(رحمه الله)

پەزىلەتلىك شەيخ مۇجاھىد ئەبۇ يەھيا لىيبى (ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ شاھادىتىنى قوبۇل قىلسۇن)

تەرجىمە قىلغۇچى : ئەبۇ مۇھەممەد مۇھاجىر

# بسم الله الرحمن الرحيم

ناھايىتى شەپقەتلىك مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا بولسۇن ، رەھمەت ۋە سالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن ، مەقسەتكە كەلسەك :

مەن بۇ رىسالەمنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلامغا ھىدايەت قىلىشى ئارقىلىق ھىجرەت قىلىشقا مۇيەسسەر بولغان ئاندىن ھىجرەتنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەبىر قىلىپ مۇھاجىرلار بىلەن بىرلىكتە ياشاۋاتقان پەزىلەتلىك مۇجاھىد مۇھاجىر ھەمشىرىلىرىمگە بېغىشلايمەن .

## ئىسلامنى ئېلىپ كېلىشتىكى ۋەزىپىلەر ۋە پايدىلىق بولۇشنى ئارزۇ قىلىش:

مەيلى ئەر بولسۇن ياكى ئايال بولسۇن ئاللاھ تائالا بىر ئىنسانغا بۇ دۇنيادا ئىنئام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەسلەشكە ۋە قەدرىنى بىلىشكە تېگىشلىك ئەڭ بۈيۈك ۋە كاتتا نېئمەت ئىسلام دىنىنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشكەنلىك نېئمىتىدۇر ، بۇ نېئمەتكە كائىناتتا تەڭ بولالايدىغان ھېچقانداق نەرسە بولمىسا كېرەك ، يەنى ئاللاھ تائالا ئۆزى تەرەپتىن بولغان رەھمەت ۋە پەزلى بىلەن قۇللىرىدىن بىر قول ياكى دىدەكلىرىدىن بىر دىدەكنىڭ قەلبىنى ئىسلامنىڭ نۇرى بىلەن يورىتىدۇ ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : « فَمَن يُرِدِ اللّهُ أَن يَهْدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلإِسْلاَمِ » تەرجىمىسى (ئاللاھ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ(يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ. سۈرە ئەنئام 125 - ئايەت

ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە مەخلۇقاتلىرىنىڭ ئەڭ ئىسلى ۋە ياخشىسى بولغان ئەلچىسى مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مۇنداق دېگەن ئىدى :«إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَن يَشَاء وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ » تەرجىمىسى (شۈبھىسىزكى سەن خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن ، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ ، ئاللاھ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ.) سۈرە قەسەس 56 - ئايەت

دىمەك تەۋپىق بىرىش ھىدايىتىگە ئاللاھ ئەززە ۋەجەللەدىن باشقا ھىچ كىشى ئىگە بولالمايدۇ .

**ئى پەزىلەتلىك ھەمشىرەم** ! سىز ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ئىچىدە مەرتىۋىلىرى ھەرخىل بولغان نۇرغۇنلىغان ئەرلەرنى ۋە ئاياللارنى كۆردىڭىز ، ۋە ئاللاھنىڭ دۇنيالىق ئىشلاردا ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلسا بەزىسىنىڭكىنى تۆۋەن قىلغانلىقىنى ھەم كۆردىڭىز ، شۇنداقلا بۇ ئۇنىڭدىن ئەقىللىق بولسا ئۇ بۇنىڭدىن كۈچلۈك ، بۇ ئۇنىڭدىن باي بولسا ئاۋۇ ئۇنىڭدىنمۇ بەكىراق باي ئىكەنلىكىنى ھەم كۆردىڭىز ، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن پەرىقلەر بار بولۇپ ئۇنىڭ بەزىسىنى ئاللاھدىن باشقا ھىچكىم بىلمەيدۇ ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ھىدايەت نىئمىتىنى ئۆلچىيەلەيدىغان مۇئەييەن نىزام ياكى قانۇنىيەتنى ھەرگىز تاپالمايسىز ، سىز قاتتىق چىچەن ، ئەقىللىق ، باي ، ۋە كۆپ كىتاپ ئۇقۇيدىغان شۇنداقلا نەزەر دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بىر كىشىنى كۆرسىڭىز شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنى بۇگۈنكى كۈنىمىزدىكى ھىندىستان ۋە باشقا ئۇرۇنلاردىكىدەك تاش ياكى دەرەخ ياكى كالىغا چۇقۇنىدىغان ھالەتتە تاپىسىز .

ئۇنىڭ قارشىسىدا خەتمۇ ئۇقۇيالمايدىغان ۋە يازالمايدىغان ئاجىز بىر قىرى ئايالنى قەلبى ئىسلامغا ئىچىۋىتىلگەن ۋە ئاللاھنى رەببىم دەپ ، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى رەسۇلۇم دەپ ئىسلامنى دىنىم دەپ رازى بولغان شۇنداقلا ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان ھالەتتە تاپىسىز ،

نىمە ئۈچۈن بۇ ئايال ھىدايەت قىلىندى ؟ نىمە ئۈچۈن ئۇ چىچەن ۋە ئەقىللىق تۇرۇپ خۇددى ھايۋاندەك كاپىر ۋە ئازغۇن ھالدا قېلىپ قالدى ؟ مانا بۇ ئاللاھ تائالانىڭ خالىغان كىشىلەرگە ئاتا قىلىدىغان پەزلى-مەرھەمىتىدۇر ،« ذَلِكَ فَضْلُ اللّهِ يُؤْتِيهِ مَن يَشَاء » تەرجىمىسى (مانا بۇ ئاللاھنىڭ پەزلىدۇركى ، ئاللاھ ئۇنى (بەندىلىرىدىن) خالىغان كىشىگە بېرىدۇ.) **سۈرە مائىدە** 54 - ئايەت .

**ئى پەزىلەتلىك ھەمشىرەم** ، سىز يىراق يۇرتلاردىن ھىجرەت قىلىپ چىقتىڭىز ، ئاللاھ تائالا سىزنى كۆپىنچە كىشىلەر دۇنياغا بېرىلىپ شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىشىۋاتقان ، پىتنە-ئېغۋا ۋە ئازغۇنلۇقلار كەڭ دائىرىدە تارالغان مۇشۇ زاماندا ئۆز يولىغا ھىدايەت قىلىپتۇ ،

**ئى ھەمشىرەم** ، بەلكىم سىز يىراق سەھرادىن ياكى ئاۋات شەھەردىن كەلدىڭىز ، بەلكىم سىز سىزدىن باشقا كۆپىنچە ئاياللارغا بېرىلگەن ھىدايەت تېپىش سەۋەپلىرى ، ئالىملار ۋە دىئۇەتچىلەر تېپىلمايدىغان يىراق يەرلەردىن كەلگەن بولىشىڭىز مۇمكىن ، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە سىزنى باشقا كىشىلەر ساياھەت قىلىش ، راھەتلىنىش ، مال-دۇنيا توپلاشتىن ئىبارەت دۇنيالىق ئىشلاردىن مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن كۇفۇر دۆلەتلىرىگە زىيارەت قىلىشتا بەسلىشىۋاتقان بىر پەيتتە شۇ ئۆيدىن ياكى شۇ مەكتەپتىن ياكى شۇ ئونىۋېرسىتېتتىن ياكى شۇ شەھەردىن ياكى شۇ يېزىدىن ھىجرەت يولىنى تاللاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىپتۇ .

كىشىلەرنىڭ ئاللاھ رەھىم قىلغانلىرىدىن باشقىلىرى خاتىرجەم ياشاش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈزنى «ئامېرىكىغا قانداق قىلسا بارغىلى بولىدۇ ؟ لوندونغا قانداق قىلسا بارغىلى بولىدۇ ؟ مادرىدقا قانداق قىلسا بارغىلى بولىدۇ ؟ پارىژغا قانداق قىلسا بارغىلى بولىدۇ ؟» دېگەن خىيال بىلەنلا ئۆتكۈزىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ، ئايالى ۋە پەرزەنتى ئۈچۈن قىلغان تۈرلۈك ئارزۇ-ئارمانلىرى بار ، مانا بۇ ئۇلار ئويلاپ شۇ يولدا تىرىشچانلىق قىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدۇر .

**ئى پەزىلەتلىك ھەمشىرەم** ، ئاللاھ تائالا سىزدىن بۇ پىتنىنى يوق قىلىپتۇ ، كەينىدىن ئاللاھ تائالا سىزگە ئاسانلىق يارىتىپ سىز ھىجرەت دىيارىغا يېتىپ كەلدىڭىز ، ئاندىن بۇ زېمىندا ئاتا-ئانىڭىز ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭىزدىن يىراق ھالدا دىن ، جىھاد ، ۋەتەن ۋە ئۇرۇق-تۇققان غېرىپچىلىقى ئىچىدە قېلىپ قالدىڭىز ، مانا بۇلار ئاللاھنىڭ سىزگە قىلغان ئىززەت-ھۆرمىتىدۇر . بەزى كىشىلەر نەزەر دائىرىسىنىڭ تارلىقى تۈپەيلىدىن قېرىندىشى ، ھەمشىرىسى ۋە ئۇرۇق-تۇققانلىرىنىڭ يىراقىراق قېلىپ قالغانلىقىنى ، باشقىلارنىڭ يوقلاپ كىلىشىنىڭ ئازلاپ كەتكەنلىكىنى ، بەزىدە يېمەك-ئىچمەكنىڭ ناچارلىقىنى ، ئولتۇراق ئۆي جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى ئويلاۋېرىپ غېرىپلىق ھېس قىلىدۇ ، ئۇ ئىشلاردىن ئىچى سىقىلىدۇ ، ۋە بۇ زېمىندىن تېزراق كېتىپ ئۆزىنى راھەتلەندۈرۈشنى ئويلايدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسى شەيتاننىڭ خىياللىرىدۇر ، توغرا ، دۇنيانىڭ ھەممىسى مۆئمىننىڭ تۈرمىسى ، ئەگەر سەن ھەقىقىي ئىمان بىلەن نامرات ئافغانىستاندا ياشىساڭمۇ ۋەياكى نيۇيوركنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشىساڭمۇ

بەربىر سەن بۇ تۆرمىنىڭ ئىچىدە ياشايسەن ، مانا بۇ بولسىمۇ دۇنيا ، دۇنيادا غەم-قايغۇدىن ، ئازاپ-ئۇقۇبەتتىن ۋە ئىچ سىقىلىشتىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ .

ئۆزلىرى ئۇچرىغان غەم-قايغۇلىرىغا ، بالايى-مۇسىبەتلەرگە ساۋاپ ئۈمىد قىلىش بىلەن ئەجىرلەنگەن كىشى بىلەن سىقىلىش ، ۋايساش ۋە ئاچچىقلىنىش سەۋەپلىك ئاللاھقا كايىپ نەتىجىدە دۇنيا-ئاخىرەتلىك غەم-قايغۇغا تەڭلا ئۇچرىغان كىشىنىڭ پەرقى بار ئەلۋەتتە

ئى **ھەمشىرەم** ! سىزنىڭ جىھاد مەيدانلىرىدىن بىر مەيداندا بولىشىڭىز ئاللاھنىڭ سىزگە قىلغان نېئمەتلىرى قاتارىدىندۇر ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى سىزنىڭ بىر ئادەم ئۆز ئۆيىدە بولىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان باشقىلارنىڭ يوقلاپ كېلىشى ، خىزمىتىنى قىلىپ قويۇشى ۋە باشقىلارنى يوقلاپ بېرىشقا ئوخشاش ھېس قىلغان نەرسىلىرىڭىز ئەگەر سىز ئاللاھدىن ساۋاپ-ئەجىر ئۈمىد قىلالىسىڭىزلا ئېسىل ماشىنا ، گۈزەل داچا ۋە سارايلار ئىچىدە ياشاۋاتقان باشقا ئاياللار تاپالمىغان بەخىت-سائادەت ۋە كەڭرىچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىڭىزنى تونۇپ يېتەلەيتىڭىز .

مەيلى ئەر بولسۇن ئايال بولسۇن دۇنياغا تويمايدۇ ،

ھەدىستە : «ئەگەر ئادەم بالىسىنىڭ ئالتۇندىن بىر ۋادى بىرىلسە ئۇ يەنە بىرىنىڭ بولىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ» دېيىلگەن ، ھەرخىل پاياندازلار بىلەن توشقان ، ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان ھەيۋەتلىك چوڭ قەسىردە

ياشـايدىغان بىـر ئايـال ئەگەر باشـقا بىـر ئاياللىـڭ ئۆسـتىدىكى كىـيىم-كېچەكلىنىڭ ئۆزىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بايقىسا ئۇنىڭ نەپسى ھەرىكەتكە كېلىـپ شـۇ ئايـال بىـلەن بەستلىشـىپ ئۇنىـڭ ئالـدىغا ئۆتـۈپ كېتىشـكە تىرىشىدۇ ، ئۇنىڭ كۆڭلىرى «بۇ بۇنداق ئاۋۇ ئۇنداق ، بۇ ئەرلەرگە خاس ، ئاۋۇ ئاياللارغا خاس ...... » دېيىش بىلەنلا ئۆتىدۇ .

ئەمما بۇ يەردە ئىنسان ئائىلىسى ئارىسىدا تۇرالغۇ ئۆيـى ، كىيىم-كېچىكى ۋە يـىمەك-ئىچمەكلىرىـدە كەمتەرلىـك ئىچىـدە ياشـايدۇ ، مانـا بـۇ ھايـات رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياشىغان ھاياتتۇر ، رەسۇلۇللاھ سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دەيـدۇ : « ئادەم بالىسـى ۋاپـات بولىشى بىلەن ئۇنىڭ قەبرىسىگە ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ بارىدۇ ، ئىككىسى قايتىـپ كېتىـپ بىرسى قېلىـپ قالىدۇ ، ئۇنىـڭ بىـلەن بالىسـى ، ماللىرى ، ئەمىلـى بىلـلە بارىـدۇ ، بالىسـى ۋە مـاللىرى قايتىـپ كېتىـپ ئۇ ۋە ئەمىلـى قېلىـپ قالـدۇ .» ئىنسـان دۇنيـادىن ھـېچ نەرسىسـىنى قەبرىسـىگە ئېلىـپ كېتەلمەيدۇ ، ئۇنىڭ ئاخىرەت ئالىمىگە ئەمىلىدىن باشقا ھېچنەرسە ھەمراھ بولۇپ بارمايدۇ .

بـۇ ئەمەل قايسـى ؟ ئۇ بولسـىمۇ ئاللاھنـى رازى قىلىـدىغان ئاللاھقـا سـادىق بولۇش ، ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش ، نامازلارنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئوقۇش ، روزا تۇتـۇش ، ئاللاھنـى زىكـرى قىلىـش ، ئاللاھنىـڭ كىتـابىنى تىـلاۋەت قىلىـش ، ياخشـىلىققا بـۇيرۇش ، يامـانلىقتىن توسـۇش ، پەرزەنتلىرىنـى تەربىيلەش ، يولدىشـىنىڭ ھەققىنـى ئادا قىلىش ۋە مۇھاجىرلىقنىـڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىگە سەبىر قىلىش شۇنداقلا قىلىۋاتقان ئەمەللىرىدىن ساۋاپ-

ئەجىر ئۈمۈد قىلىشقا ئوخشاش سالىھ ئەمەللەردۇر ، مانا يۇقارقىلارغا ئوخشاش ئۆزى ۋە باشقىلارغا مەنپەئەتلىك ئەمەللەر

ئىنسانغا ئاخىرەتتە ئەسقاتىدۇ .

ئەمما ئىنسان دۇنيانى قانچىلىك توپلىسۇن ۋە دۇنيا ئۈچۈن قانچىلىك قوغلاشسۇن ئۆلگەندە قەبرىسىگە بىر تىيىنمۇ ئېلىپ كىتەلمەيدۇ ، ھەتتا بىر ئىنسان قەبرىسىگە دەپنە قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا دەپنە قىلغۇچىلارنىڭ بىرەر نەرسىسى قەبرە ئىچىگە چۈشۈپ كىتىپ بىللە كۆمۈلۈپ كەتسە كىشىلەر قەبرىنى كولاپ شۇ نەرسىسىنى چىقىرىۋالماي تۇرۇپ بولىدى قىلمايدۇ ، ئىش شۇنداق تۇرسا ئىنسان ئۆلگەندە دۇنيادىن ھىچنەرسە ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ نىمىشقا دۇنيا ئۈچۈن بەستىلىشىدىغاندۇ ؟ كۈنلەردىن بىر كۈنى ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىن

ئايرىلىدىغان ۋاقتى كىلىدىغان تۇرسا ؟!

**ئى پەزىلەتلىك ئايال ھەمشىرىلىرىم** ، مەن پەقەت سىلەرنىڭ كاتتا بىر نىئمەت ئىچىدە ئىكەنلىكىڭلارنى ئەسلىتىپ قويماقچى ، سىلەر مۆئمىنلەرنىڭ ئانىلىرى بولغان ئائىشە ، ئۇممۇ سەلىمە ، مەيمۇنە ، سەۋدە ۋە ئۇلاردىن باشقا مۇھاجىر ئاياللارغا بىر سۈپەتتە يەنى مۇھاجىرلىق سۈپىتىدە ئوخشىدىڭلار ، ھىجرەت نىمە ئۈچۈن بۇلىدۇ ؟ ھىجرەت مال-دۇنيا تەلەپ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئاللاھ ئۈچۈن بۇلىشى كىرەك ، بۇ زىمىنغا شۇنچىلىك كۆپ دۇنيانى تاشلاپ چىقىپ يەنە دۇنيا تەلەپ قىلىپ كەلگەن ئادەم بولمىسا كىرەك .

جىھاد ساھاسىگە قەدەم بېسىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا مال-دۇنيا ئىشكىلىرى ئېچىلىپ دۇنياغا دوم چۈشكەن ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلار بىلەن بەستلىشىپ يۈگۈرەۋاتقانلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بىر پىتنىگە مۇبتىلا بولغان بولىدۇ ، شۇڭا ئەر-ئايال مۇھاجىرلار بۇ ئىشتىن ھەزەر ئەيلىسۇن .

شۇڭا سىلەر ئاللاھ سىلەرگە ئاتا قىلغان نىئمەتلەرنى قەلبىڭلارغا ھازىر قىلىڭلار ، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى بۇ دۇنيادا بىر ئىنسان ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدىغان ئەڭ بۈيۈك نەرسە خاتىرجەملىك ۋە روھى جەھەتتىكى راھەت بولۇپ ئۇنىڭغا ئامېرىكىنىڭ زۇڭلىسى ھىلارى كىلىنتون ۋە گېرمانىيەنىڭ ئايال پادىشاھى ئەنجىيلا مېركىل ۋە ئۇ ئىككىسىدىن باشقا مال-دۇنيا ۋە نام-ئابروي غەمگە پاتۇرۇۋاتقان ئاياللار ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ ، ئەمما مۇشۇ روھى خاتىرجەملىك دەل سىزدە بار ، نىمە ئۈچۈن ؟چۈنكى ئاللاھ ئەززە ۋەجەللە روھلارنى مەلۇم نەرسىگە مۇناسىپ قىلىپ قويغان ،ئەرلەرنىڭ روھىغا مۇناسىپ كېلىدىغان نەرسە ئاياللارغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ ، شۇڭا ئاللاھ تائالا :« وَقَرْنَ فِي بُيُوتِكُنَّ وَلَا تَبَرَّجْنَ تَبَرُّجَ الْجَاهِلِيَّةِ الْأُولَى » تەرجىمىسى (ئۆيلىرىڭلاردا ئولتۇرۇڭلار ، ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار. )

*سۈرە ئەھزاب 33 - ئايەت*

ئاللاھ تەئالا ئاياللارغا سىلەر دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ياكى باش مىنىستىر ياكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بۇلۇڭلار دىمىدى .

دىمەك مانا بۇ ئايال كىشىنىڭ تەبىئىي ھاياتى ، ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارغا ئاياللار ساھاسىگە ھۇجۇم قىلغاندەك بىرەر نەرسىسىگە ھۇجۇم قىلىپ باقمىدى ، ئۇلار ئاياللار ئازاتلىق ھەرىكىتى ، ئاياللار ھوقۇقى تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھەرخىل ئورگانلارنى قۇرۇپ چىقىش ئارقىلىق ئاياللارنى ئۆز ئۆيىدىن دۇنيانىڭ قايناق بازىرىغا ئېلىپ چىقماقچى بولدى ، ئۇلارنىڭ نەزىرىيەسى بويىچە ئايال كىشى ئۆز ئۆيىدە يولدىشى بىلەن پەرزەنتلىرىنى تەربىيلەپ ھايا ئىچىدە ياشاشتىن ئەر كىشىگە ئوخشاش بولىشى كېرەك ئىدى ، سىز ئاياللارنىڭ ئېگىز بىنالارغا چىقىپ تاختايغا مىق قېقىش ياكى بازارلاردىن مال ئەكىلىپ دۇكان ئېچىش ... دىگەنگە ئوخشاش ئەر كىشىمۇ تەستە قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز ، مۇشۇ ئايال كىشىنىڭ ھاياتىمۇ ؟ ئايال كىشى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغانمۇ ؟ مانا بۇ ئۇ جىنايەتچىلەر تەلەپ قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ ئەركىنلىكىدۇر .

**ئى پەزىلەتلىك ھەمشىرەم !** سىز ئاللاھنىڭ سىزگە بەرگەن نىئمەتلىرىنى ئەسلەپ تۇرۇڭ ، بىز ھازىر ياشاۋاتقان شارائىتنىڭ قاتتىق سەبىر ۋە تىرىشچانلىق تەلەپ قىلىدىغان قىيىن شارائىت ئىكەنلىكىدە شەك يوق ، بىر مۇھاجىر ئايالغا يەتكەن بۇ تارچىلىقلار ھىجرەتنىڭ بىر تەلىپى خالاس ، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن «ھەقىقەتەن مۇھاجىرلىقنىڭ جاپاسى قاتتىق بولىدۇ»

لېكىن بىر ئىنسان (مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن) بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئاسمان-زېمىننىڭ رەببى ئاللاھ ئۈچۈن بۇلىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلالىسا مانا بۇ ھىس-تۇيغۇ سىزگە روھى خاتىرجەملىك ۋە قەلبىڭىزگە راھەت بېغىشلايدۇ ، يەنى سىز ئاللاھ ئۈچۈن ھىجرەت قىلدىڭىز ، بۇ يەرگە پەقەت ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا كەلدىڭىز ، سىز يولدىشىڭىز بىلەن ئۇچراۋاتقان بۇ ئېغىرچىلىقلارغا پەقەت ئاللاھ ئۈچۈنلا سەبىر قىلدىڭىز .

ئەمما ھەردائىم دۇنياغا نەزەر تاشلاپ ئۇنىڭدىن راھەت ۋە كۆڭۈل ئارامنى ئىزدىگەن كىشى شەيتان ئالدىغان ۋە نەپسىنى ھاۋايى-ھەۋىسىگە قۇل قىلغان كىشىدۇر .

بۇ ئىشلار ھەردائىم ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ زېھنىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك .

مەن بۇ ساھەدىكى ھەمشىرىلىرىمگە ئۇنى قىلىشى زۆرۈر بولغان بەزى نۇقتىلارنى ئەسلىتىپ قويىماقچى :

ھەمشىرىلىرىمىز « مەن ئائىلە ئايالى ، مىنىڭ باشقا ئىشىم يوق ، مەن ئۆيدە بىكار قالدىم ، مىنىڭ ۋاقتىم زايە بۇلۇپ كىتىۋاتىدۇ ،» دىمىسۇن ، ئۇنداق ئەمەس ئى ھەمشىرەم ، ئەگەر سىز ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىشنى خالىسىڭىز ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىسىز ، ئەگەر سىز ۋاقتىڭىزنىڭ ھەممىسىنى پالانى كەپتۇ ، پالانى كىتىپتۇ دىگەندەك قۇرۇق گەپ سۆزلەر ئۆتكۈزسىڭىز ۋاقتىڭىزنى زايە قىلغان بۇلىسىز .

ئەگەر سىز ۋاقتىڭىزنى ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئۆزىڭىزگە ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆتكۈزسىڭىز گەرچە سىز ئۆيىڭىزنىڭ ئىچىدە بولسىڭىزمۇ ئىسلام ئۈممىتىنى بىنا قىلىشتا شېرىكلەشكەن بولىسىز ، بۇ بىز تېپىۋالغان گەپ ئەمەس ، بەلكى بۇ تەربىيەچى بىر مۇسۇلمان مۇھاجىر ئايال ھېس قىلىشقا تېگىشلىك ھەقىقەتتۇر .

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :«ئايال كىشى يولدىشىنىڭ ئۆيىدە پادىچى ، ئۇمۇ ئۆز پادىلىرى توغرۇلۇق سوئال-سوراق قىلىنىدۇ ،» دېمىدىمۇ ؟ يەنى ئايال كىشى يولدىشىنىڭ ئۆيىگە مەسئۇل ، ئۇ يولدىشىغا ، پەرزەنتلىرىگە ۋە يولدىشىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىگە مەسئۇل ، ئۇ شۇ ھەقلەرنى ئادا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىدىن سورىلىدۇ .

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دەيدۇ : «ئاياللار ئەرلەرنىڭ ياردەمچىلىرى ،» دېمەك بىر ئايال : مېنىڭ پۈتۈن ۋاقتىم زايە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، مەن قىلىدىغان بىرەر ئىش يوق دەپ ۋايىسىمىسۇن ، ئۇنداق ئەمەس ، سىز خالىسىڭىز ھەتتا بوش ۋاقىت تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە پۈتۈن ۋاقتىڭىزدىن پايدىلىنالايدىغان بىر پىروگراممىا تۈزۈپ چىقالايسىز ، خالىسىڭىز پۈتۈن ۋاقتىڭىزنى ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق زايە قىلىۋېتەلەيسىز .

**مەن ئەسلىتىپ ئۆتمەكچى بولغان ئىشلار تۆۋەندىكىچە :**

بىرىنچىسى : ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : «ياأيها الذين آمنوا» ( ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر !) . قۇرئاندا كۆپ ئۇرۇندا كەلگەن بۇ خىتاپ ئەرلەرگىلا خاس ئەمەس ، بەلكى بۇ خىتاپنىڭ ئىچىگە ئەر ۋە ئايال مۆئمىنلەر كىرىپ كىتىدۇ ، لىكىن ئايەتتە مەقسەت قىلىنغانلارنىڭ ئەرلەر ئىكەنلىكىگە خاس شەرئى دەلىل كەلمىسىلا بۇ خىتاپتىن ھىچ كىشى چىقىپ كەتمەيدۇ .

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ : «يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا قُوا أَنفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ »( ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلارنى ۋە بالا- چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دەۋزەختىن ساقلاڭلار ، )

*سۈرە تەھرىم 6 - ئايەت .*

بۇ خىتاپ دادىغا ياكى ۋەلىگە خاس ئەمەس ، بۇ ھۆكۈم ئىچىگە ئايال كىشىمۇ كىرىپ كىتىدۇ ،

**ئى پەزىلەتلىك مۆئمىن ھەمشىرەم** ، ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا سىزگە خىتاپ قىلىپ تۇرۇپ ئېيتىۋاتىدۇ : (ئى مۆئمىن ئايال بەندەم ، سىز ئۆزىڭىزنى قوغداڭ ، ئۆزىڭىز بىلەن دوۋزاخنىڭ ئارىسىدا سىزنى ئۇتتىن تۇسۇپ قالىدىغان بىر توسالغۇ پەردە قىلىڭ ، بۇ پەردە قايسى بىلەمسىز ؟ ئۇ بولسىمۇ ئاللاھ تائالاغا ئىتائەت قىلىش ، يەنى ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئۇرۇنداش ۋە ئۇ چەكلىگەن نەرسىلەردىن يىراق تۇرۇش .

(ئۆزەڭلارنى ۋە بالا-چاقاڭلارنى دەۋزەختىن ساقلاڭلار) ، ئەر كىشى ئۆزىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر توغۇرلۇق سۇئال-سوراق قىلىنىدۇ ، ئۇ ئايالىغا

ۋە پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل ، ئايال كىشى ھەم ئۆزىگە ۋە پەرزەنتلىرىگە مەسئۇل بولىدۇ ، ئايال كىشى پەرزەنتلىرىنى ئىسلام يولى بويىچە ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ، نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئادا قىلىش ، گۈزەل ئەخلاق ، ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ، جىھادنى ياخشى كۆرۈش ۋە ھىممەت ئاساسىدا تەربىيلەپ چىقىشى كېرەك .

تەربىيە ساھالىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ ئايال كىشى پەرزەنتلىرىنى ئۆز ئۆيىدە قانچىلىك سالىھ قىلىپ تەربىيلىيەلىسە پەرزەنتلىرى ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەسقاتىدۇ ، ئۇ ئايال ۋاپات بولۇپ كەتسە ھەم كەينىدىن ئەجرى ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان سەدىقە بولۇپ يېتىپ تۇرىدۇ .

دىمەك ، ئايال كىشى ئۆز ئۆيىدە ئىجرا قىلىدىغان بۇ خىزمىتى ئارقىلىق « ئۆزەڭلارنى ۋە بالا- چاقاڭلارنى ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان دەۋزەختىن ساقلاڭلار .» دىگەن ئايەتتىكى شەرئى بۇيرۇقنىڭ بىر قىسمىنى ئادا قىلغان ھىساپلىنىدۇ . (ئاللاھ ئوتتىن پاناھلىق بەرسۇن)

مۇسۇلمان مۇھاجىر ئايال چۇقۇم بۇ ئايەتنى ئۆزىگە خىتاپ قىلىنغاندەك ھىس قىلىشى كېرەك ، شەرئى تەكلىپلەر ئاللاھنىڭ «قىلىڭلار ، ئۇقۇڭلار ، بېرىڭلار ... » دىگەنگە ئوخشاش بۇيرۇقلىرى بىلەن بولىدۇ ، بۇ بۇيرۇقلاردا ئەر-ئايال ئوخشاش ھىساپلىنىدۇ ، «

مَـنْ عَمِـلَ صَـالِحًا مِّـن ذَكَـرٍ أَوْ أُنثَـى وَهُـوَ مُـؤْمِنٌ فَلَنُحْيِيَنَّـهُ حَيَـاةً طَيِّبَـةً »

تەرجىمىسى :( ئەر- ئايال مۆئمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن ، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا قانائەتچانلىق ، ھالال رىزق ۋە ياخشى

ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىپ ) ئوبدان ياشىتىمىز. » سۈرە نەھل 97 ـ ئايەت.

ئايال كىشى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىدە قانچىلىك تىرىشقانسېرى ئاخىرەتتىكى دەرىجىسى شۇنچىلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئىسلام ئۈممىتىگە كۆپ خىزمەت قىلالايدۇ .

ئايال كىشىنىڭ ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە - نامازنى مۇھاپىزەت قىلىش ، بىز نامازنىڭ ئىككى شاھادەتتىن كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئىككىنجى رۇكنىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز ، (ئىسلام بەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان ، ئاللاھدىن باشقا ھەقىقى ئىلاھ يوق ، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش ، نامازنى بەرپا قىلىش ... ) ، ئايال كىشى ئۆيىدە نامىزىنى مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىش كېرەك ، نامىزىنىڭ رۇكۇسى ، سەجدىسى ۋە زىكىرلىرىنى ھۇزۇر بىلەن ئادا قىلىش كېرەك ، بەزەن ئاياللار نامازنى ۋاقتىدا ئۇقۇماسلىقى مۇمكىن ، بەزىلىرى ۋاقتىدا ئۇقۇسىمۇ ئۆزىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلماستىن ، ئۇقىۋاتقان دۇئالارنىڭ مەناسىنى تەپەككۇر قىلماستىن ئىنتايىن تىز سۈرئەتتە ئۇقۇشى مۇمكىن ، توغرا ، سىز نامازنى ئادا قىلدىڭىز ، يەنى سىزدىن نامازنى قايتىلاش تەلەپ قىلىنمايدۇ ، لېكىن بۇ ئاللاھ ئىرادە قىلغان مۇكەممەل ناماز ئەمەس ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەھلىنى نامازغا ۋە زاكاتقا بۇيرۇيدىغانلىقىنى بايان قىلغان ، ئاللاھنىڭ ھەممە ئەلچىلىرى ئۆز ئەھلىنى نامازغا ۋە زاكاتقا بۇيرىغان ئىدى ، ئاللاھ تەئالا ئۆز ئەلچىسىنى ئەھلىنى نامازغا بۇيرۇشقا چاقىرىپ « ئائىلەڭدىكىلەرنى نامازغا بۇيرىغىن ، ئۆزەڭمۇ ئۇنىڭغا چىداملىق

بولغىن ،» دىگەن ئىدى ، دىمەك نامازنى ئادا قىلىش ئاسان ئىش ئەمەس ، ناماز ئۇقۇش پىشىن ياكى ئەسىر ۋاقتى كىرسە تىزلىكتە تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ ھاپىلا-شاپىلا ئۇقۇيدىغان ، ئاللاھۇ ئەكبەر دەپ باشلاپ ئەسسالامۇ-ئەلەيكۇم دەپ تۈگىتىدىغان ئۇنداق ئاسان ئىبادەت ئەمەس .

ناماز ئىسلامنىڭ ئىككىنچى رۇكنىسى ، ئاللاھنىڭ ھەقلىرى ئىچىدە مۇسۇلمان تۇنجى بولۇپ ھساپ بىرىدىغان نەرسىمۇ نامازدۇر ، ئاللاھ تەئالا : « نامازنى قانداق ئۇقۇدۇڭ ؟ رۇكۇ-سەجدىلىرىنى ھۇزۇر بىلەن ئۇقۇدىڭمۇ ؟ ...» دەپ ھساپ ئالىدۇ .

مەن ھەممە ھەمشىرىلىرىمدىن ئۆزى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ھەققىدە ئۆيىدىكى كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىسىنىڭ تۇنجىسىنى نامازنى بەرپا قىلىش قىلىشىنى تەلەپ قىلىمەن ، مانا بۇ ئۆزى ۋە ئەھلىنى دوزاخ ئۇتىدىن ساقلاشنىڭ بىر تۈرى .

بىز بۇ جىھاد ساھەسىدىكى كۆپىنچە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جىھاد ياكى رىبات ياكى بىخەتەرلىك ئۈچۈن كۆپىنچە ۋاقىت ئۆيىدە تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلىمىز ، بۇ سەۋەپلىك پەرزەنتلەرنى تەربىيلەش يۈكى ئاياللارغا بەكراق يۈكلىنىدۇ ، شۇڭا ئايال كىشى كۈچىنىڭ يىتىشىچە پەرزەنتلىرىگە ناماز ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تائەت-ئىبادەتلەرنى ئۆگىتىشى كىرەك ، شۇ ئارقىلىق پەرزەنتلەر ئاللاھدىن قورقۇيدىغان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ھالەتتە تەربىيلىنىپ چىقىدۇ .

**ئى ھەمشىرەم** ، رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :« باللىرىڭلارنى يەتتە يېشىدا نامازغا بۇيرۇڭلار ، نامازغا ئۇنىمىسا ئون يېشىدا ئۇرۇڭلار ، ۋە ياتىدىغان ئورۇنلىرىنى ئايرىۋېتىڭلار ،» دىمەك قىز ياكى ئوغۇل يەتتە ياشقا كىرگەندە ئايال كىشى ئۇلارنى زورلىماستىن بېسىم قىلماستىن نامازغا بۇيرۇشى كېرەك ، ئاتىلار ئۆيدە كۆپ ئولتۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆزۈمدىن ئۆيلەردىكى ئايال ھەمشىرىلىرىمنى مەقسەت قىلىۋاتىمەن .

شۇنىڭدەك ئايال كىشى پەرزەنتلىرىگە نامازنىڭ شەرتلىرى ، تاھارەت ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆگىتىشى كېرەك ، مانا بۇ ئىشلار ئايال كىشى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم ئىشلاردۇر ، مەسىلەن باللىرىمىز ئويناۋاتقان ۋاقىتتا پىشىن نامىزىغا ئەزان چىقىپ قالسا بالىغا : ئى بالام ، كىلىڭ ، ناماز ئۇقۇيلىك ، ئى قىزىم ، كىلىڭ

ناماز ئۇقۇيلىك ... دىيىشىمىز كېرەك .

ئەگەر ئۇنىڭ يېشى ئون ياشقا كىرسىمۇ يەنىلا ناماز ئۇقۇشتىن باش تارتسا ئۇنى بەدەنلىرىنى كۆكەرتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس بەلكى ئۇنى قورقۇتۇپ نامازغا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان دەرىجىدە ئۇرۇش كېرەك ، ھەرقانداق مۇھاجىر ئايال ئۆزى ھەم نامىزنى ۋاقتىدا ئۇقۇشى كېرەك ، شۇڭا قۇرئان كەرىمدە :«نامازنى ئادا قىلىڭلار ،» دەپ كەلمىدى ، بەلكى «نامازنى بەرپا قىلىڭلار ،» دەپ كەلدى ، شۇڭا ناماز ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئادا قىلىنىشى كېرەك ، دىمەك ئاياللار ناماز مەسىلىسىدە

بالىلىرىغا قانداق كۆڭۈل بۆلگەن بولسا ئۆزى ھەم شۇنداق كۆڭۈل بۆلىشى كېرەك .

**ئىككىنجى نۇقتا :**

**پەرزەنتلەرنى بۈيۈك ئەخلاق ئاساسىدا تەربىيەلەش .**

بىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ئاتىلىرىغا ئوخشاش رىجال كەبى جىھاد مەدرىسىنى پۈتكۈزۈپ چىقىشىنى خالايمىز ، شۇڭا ئانىلار پەرزەنتلىرىنى باتۇرلۇق ، سەبىر ، جىدامچان ، ۋىجدانلىق ، ۋاپادار ، سادىق ۋە ھىممەتلىك قىلىپ تەربىيلىشى كېرەك .

ئايال كىشى بۇ ئەخلاقلارنى پەرزەنتلەرنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر تىكىشى كېرەك ، ئەڭ مۇھىمى ئايال كىشى بۇ ئەخلاقلارنى باشتا ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرىشى كېرەك ، چۈنكى يانچۇقىدا بىر نەرسە بولمىغان ئادەم باشقىلارغا بىر نەرسە بېرەلمەيدۇ ، شۇڭا ئايال كىشى ھەم باشتا بۇ ئەخلاقلارنى ئۆزىدە ئۆزلەشتۈرۈپ ھايالىق ، پەرىزكار ، ۋاپادار ۋە ئىشەنچلىك بۇلىشى كېرەك .

مەسىلەن ئايال كىشى بالىسىنىڭ بىرقانچە قېتىم يالغانچىلىق قىلغانلىقىنى بايقاپ قالسا شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ بالىسىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىشى كېرەك ، بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزسە ئۇنى قاتتىق جازالاش ئارقىلىق بالىنى كېيىنكى قېتىملىق خاتالىقىدىن يالغان گەپ قىلىپ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك ، چۈنكى يالغانچىلىقتا ئادەتلىنىپ قالغان بالىنىڭ

پۈتۈن ئەخلاقلىرى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ .

شۇڭا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم :«مۆئمىن يالغانچى بولمايدۇ ،» دېگەن ، مۆئمىن بېخىل بولۇشى مۇمكىن ، قورقۇنچاق بولۇشى مۇمكىن ، لېكىن ئۇ يالغانچى كاززاپ بولماسلىقى كېرەك . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاللاھقا سادىق بولۇشى كېرەك .

ئانا پەرزەنتىنىڭ قەلبىگە ئاللاھ مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ دېگەن ئېتىقادنى چوڭقۇر سىڭدۇرۇش كېرەك ، يەنى ئانا پەرزەنتىنى ئۆزىدىن ياكى دادىسىدىن قورقۇتۇش ئارقىلىق ئەمەس بەلكى ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ كۈزىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۇنى ئىخلاسمەن قىلىپ تەربىيلىشى كېرەك ، ئۇنىڭغا : (داداڭغا دەپ قويىمەن ،) دېيىش ئارقىلىق ئۇنى ئاللاھدىن ئەمەس بەلكى دادىسىدىنلا قورقىدىغان قىلىپ قويماسلىق كېرەك ، ئۇنىڭغا ھەردائىم ئاللاھنى ، دوۋزاخنى ، قىيامەت كۈنىنى ، جازا-مۇكاپاتنى ، ئاللاھنىڭ ئۇنى كۆرۈپ ئاڭلاپ تۇرىدىغانلىقىنى ئەسلىتىش كېرەك .

مەن بۇ يەردە بىر ئىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچى ، كۆپىنچە ھەمشىرىلىرىمىز ھايا ۋە خېجىللىق تۇرۇتكىسى ئاستىدا قىز پەرزەنت تەربىيىسى مەسلىسىدىكى بەزى ئىشلارغا سەل قارايدۇ ، توغرا ، ئايال كىشى يارىتىلىشىدا خىجىلچان ۋە ھايالىق قىلىپ يارىتىلغان ، ھايا ئىماننىڭ بىر شاخچىسى ، رەسۇلۇللاھمۇ (ھايانىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ،) دېگەن ، ئەمما بۇ يەردىكى خىجىللىق شەرئى چەكلىمىدىن ئۆتۈپ

كەتكەن ھېساپلىنىدۇ ، ھەتتا بۇ ئىشقا بەزى ھارام قىلىنغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلار ئەگىشىپ كىلىشى مۇمكىن ،

بىز ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ ئاياللارغا ھەيىزدار بولۇشىنى پۈتنۈەتكەنلىكىنى بىلىمىز ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ھەدىستە :«بۇ نەرسە ئاللاھ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزلىرىغا پۈتنۈەتكەن نەرسىدۇر ،» دىگەن ، دىمەك بۇ مەسىلە ئاللاھ ئۆز كىتابىدا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسى ھەدىسلىرىدە بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالغان شۇنداقلا بۇ ئىشقا تاھارەت ، ناماز ۋە رۇزىغا ئوخشاش نۇرغۇن ھۆكۈملەر ئەگىشىپ كىلىدىغان مەسىلىدۇر .

شۇڭا ئانا بىلەن قىزنىڭ ئوتتۇرسىدىكى ھايا ئانىنىڭ ئۇنىڭغا ھەيىزگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۆگىتىشىدىن چەكلەپ قويمىسۇن ، قىز بالا ئون ئىككى ئون ئۈچ ياشلارغا كىرىپ قىلىپمۇ بۇ ھۆكۈملەرنى بىلمەي يۈرسە ياخشى بولمايدۇ ، ئايالالار بۇ مەسىلىنى ئۆز ئارىسىدا ئۆياتلىق مەسىلە دەپ قاتارغا ئالىدۇ ، ھەتتا بۇ مەسىلە توغۇرلۇق قىزىنىڭ بىرەر سۆزنى ئاڭلاپ قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىدۇ ، بۇ بىر خاتا قاراش ، ساھابە ئايالالار (ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ھەرگىز بۇنداق ئەمەس ئىدى ، ئانا ئۆز قىزى بىلەن ئۇنىڭ يېشى ئون بىر ياكى ئون ئىككىگە يەتكەندە بىرگە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاستا-ئاستا مۇناسىپ ئەدەپلىك ئۇسلۇپتا ھەيىزگە ئالاقىدار ئىشلارنى چۈشەندۈرۈشى كېرەك ، يەنى قىزدا بۇ ئىشقا نىسبەتەن بىر تەييارلىق بولۇشى كېرەككى كىينچە «مەن ھەيىزدار تۇرۇپ رۇزا تۇتۇپتىمەن ، ياكى مەن تاھارەتسىز ناماز ئوقۇپتىمەن ،» دەپ قالماسلىقى كېرەك .

دىمەك ھەمشىرىلەر ئاننىڭ قىزىغا تەلىم بىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلغان ھايانىڭ ھايا ھىساپلانمايدىغانلىقىنى شۇنىڭدەك ھەيىز ، نىپاس ، ھامىلدارلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا شەرئى ھۆكۈملەردىن ئۆزىگە ئالاقىدار نەرسىلەرنى سوراشتىن ھايا قىلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىۋېلىشى كېرەك .

ساھابە ئاياللارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى ئۇقۇغان كىشى ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كىلىپ يۇقارقى مەسىلىلەرگە ئالاقىدار بولغان روشەن ۋە ئاشكارە ھۆكۈملەردىن سۇئال سورىغانلىقىنى ئۇچرىتالايدۇ ، چۈنكى ئۇ ئاياللار دىنى ھۆكۈملەرنى ئۆگۈنۈشكە ئىنتايىن ھېرىسمەن ئىدى .

**مەن ئاگاھلاندۇرۇپ قۇيىدىغان يەنە بىر مەسىلە :**

ھەمشىرىلەر ۋاقىتلىرىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا سەرىپ قىلىشى ۋە «ئادەم گۆشى» گۆشى يەيدىغان سورۇنلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك ،ئادەم گۆشى يېيىشتىن غەيۋەت قىلىشنى كۆزدە تۇتتۇۋاتىمەن ،

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ ، » تەرجىمىسى (ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)? ، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر? ، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىۋىنى) ئىزدىمەڭلار? ، بىر- بىرىڭلارنىڭ

غەيۋەتنى قىلماقچىلار؟، سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر؟، ئاللاھتىن قورقۇڭلار؟ ، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل

قىلغۇچىدۇر؟ (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.)سۈرە ھۇجۇرات 12 -ئايەت

ھەمشىرىلەر غەيۋەت قىلىشتىن ۋە سۇخەنچىلىك قىلىشتىن ئىنتايىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك .

ئۆلىمالار غەيۋەت قىلىشنى ئەڭ چوڭ گۇناھلار قاتارىدىن سانايدۇ ، بىر ئادەم ھاراق ئىچىشتىن ياكى باشقا كۆپلىگەن چوڭ گۇناھلاردىن ئېھتىيات قىلىشى مۇمكىن ، ئەمما بىرەر سورۇندا ئولتۇرسا ھىلى بۇنىڭ يۈز-ئابرويىنى تۆكسە ھىلى ئۇنىڭ گۆشىنى يەپ ئىختىيارسىزلا بۇ چوڭ گۇناھقا چۈشۈپ قالىدۇ .

## چوڭ گۇناھنىڭ نىمىلىكىنى بىلەمسىز ؟

ئايال كىشى ئەگەر غەيۋەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتسە ئاللاھ ئۇنى خالىسا كەچۈرىدۇ ، خالىسا ئازاپلايدۇ ،ئەمما ئادەمنىڭ ھەققى بولغانلىقى ئۈچۈن غەيۋەت قىلغۇچى غەيۋەتى قىلىنغان كىشىدىن دۇنيادىكى ۋاقتىدا ئەپۇ سورىۋېلىشى كېرەك .

سىز بىر شەخسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلسىڭىز دەرھال ئاللاھقا تەۋبە قىلىشىڭىز ۋە گۇناھىڭىزنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىغا شۇنداقلا ئەھۋالىڭىزنى ئىسلاھ قىلىپ بېرىشكە ئاللاھقا چىن قەلبىڭىزدىن دۇئا قىلىشىڭىز لازىم.

شۇڭا ھەمشىرىلەر ھەردائىم سورۇندا بىر-بىرىگە مەسئۇل بولۇپ غەيۋەت قىلىشتىن بىربىرىنى توسۇشى كېرەك ، بەزى ۋاقىتتا سورۇندا گەپ باشلانغاندا بەزىلەر ئوك ۋە سول تەرىپىدىكى كىشىلەرگە قاراشقا باشلايدۇ ، بۇمۇ غەيۋەتنىڭ بىر تۈرى ھىساپلىنىدۇ ، چۈنكى غەيۋەت بەزىدە تىل بىلەن بولسا بەزىدە كۆز قىسىش بىلەن ۋەياكى باشقىلارنىڭ بىقىنىغا نۇقۇش بىلەن ۋەياكى بويان تولغاش بىلەنمۇ بولىدۇ ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :«وَيْلٌ لِّكُلِّ هُمَزَةٍ لُّمَزَةٍ » تەرجىمىسى: (كىشىلەرنى) ئەيىپلىگۈچى سۇخەنچىگە ۋاي! سۈرە ھۇمەزە 1 - ئايەت

**شۇڭا ھەمشىرىلىرىمىز غەيۋەتتىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشى كېرەك .**

ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش تەكىتلەنمەيدىغان ۋە ئاللاھ ئەسلەنمەيدىغان سورۇندىن يىراق تۇرۇپ ۋاقتىنى ئۆز ئۆيىدە ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن ئايالدىنمۇ ياخشى ۋە سالىھ ئايال بولمىسا كېرەك .

شۇنىڭدەك ئاللاھ ئازغىنە بولسىمۇ ئىلىم بەرگەن ھەمشىرىلىرىمنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمەن ، گەرچە بىر ئايەت ۋە بىر ھەدىس بولسىمۇ ئۆگۈتۈڭلار ۋە ئۆگىنىڭلار ، ئىلىم ئامانەتتۇر ، مەيلى مۇھاجىر بولۇڭ ياكى

ئەنسار بۇلۇك سىز ئىلىمگە مۇھتاج ، شۇڭا ياكى ئىلىم ئۆگەنگۈچى بۇلۇك ياكى ئۆگەتكۈچى بۇلۇك ، ئۈچىنجىسى بۇلۇپ قالماڭ .

**ئاخىردا ھەمشىرىلىرىمگە يولدىشىغا ئىتائەت قىلىشنى تەۋسىيەقىلىمەن**
، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ :« ئەگەر مەن بىر ئادەمنى يەنە بىر ئادەمگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىسام ئايال كىشىنى يولدىشىغا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بۇلاتتىم .»

شۇنىڭدەك ھەمشىرىلىرىمگە مۇجاھىد قېرىنداشلىرىغا كۆپ دۇئا قىلىپ قويۇشنى تەۋسىيە قىلىمەن ، ھەر بىر ھەمشىرىمىز ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ئىسلام ئۈممىتى كۆپۈر مىللەتلىرىگە قارشى قىلىۋاتقان بۇ بۈيۈك جىھادقا ئەر قېرىنداشلار بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشى كېرەك .

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم :« سىلەر ئىچىڭلاردىكى ئاجىزلارنىڭ دۇئاسى ، نامىزى ۋە ئىخلاسى سەۋەپلىك رىزىقلاندۇرۇلۇپ نۇسرەتكە ئىرىشىسىلەر ئەمەسمۇ؟» دىگەن ئىدىغۇ ؟ !

شۇڭا ھەمشىرىلەر ھەردائىم دۇئاسىدا مۇجاھىدلارنى ، ئەسىرلەرنى ، شەھىدلەرنى ، كىسەللەرنى ۋە ياردارلارنى ئۇنتۇپ قالماي ئەسلەپ قويۇشى كېرەك ،

رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرسىنىڭ ئۆز قېرىندىشى يوق يەردە ئۇنىڭغا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت ئىكەنلىكىنى خەۋەر بەردى ،

شۇنىڭدەك پەرىشتىلەردىن بىر پەرىشتە ھەر دائىم ئۇنىڭغا «ئامىن ، ساڭمۇ شۇنىڭ ئوخشىشى بولسۇن ،» دەپ دۇئا قىلىپ

تۇرىدىغانلىقىدىنمۇ بىشارەت بەردى .

شۇڭا ھەمشىرىلەرگە مۇجاھىدلارغا كۆپلەپ دۇئا قىلىپ قۇيىشىنى ۋە پەرىز نامازنىڭ ئارقىسى ۋە ئەزان بىلەن تەكبىرنىڭ ئارلىقى شۇنداقلا كىچىنىڭ ئاخىرقى ئۈچتىن بىر قىسمىدەك ئاللاھ تەئالا دۇئانى ئىجابەت قىلىدىغان ۋاقىتلارنى تاللاپ دۇئادا تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىنى ۋەسىيەت قىلىمەن ، بەلكى ئاللاھ شۇ دۇئا سەۋەپلىك

مۇجاھىدلارغا فەتىھلەرنى ئاتا قىلسا ئەجەپ ئەمەس .

يوقىرقىلار ھەمشىرىلىرىمگە تەقدىم قىلىشنى ياخشى كۆرگەن ئازغىنە تەۋسىيە ۋە نەسىھەتلەر ، ئاللاھ تەئالادىن بۇ نەسىھىتىمنى پەقەت ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن قىلىپ بىرىشىنى ۋە بۇ نەسىھەتلەر ئارقىلىق ھەمشىرىلىرىمگە مەنپەئەت ئاتا قىلىشنى سورايمەن ،

مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ ئىسلى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىغا ۋە بارچە ساھابىلىرىگە رەھمەت قىلغىن ،

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇ .**



مەن ئاگاھلاندۇرۇپ قويىدىغان يەنە بىر مەسىلە :

ھەمشىرىلەر ۋاقىتلىرىنى ئۆزلىرىگە پايدىلىق ئىشلارغا سەرىپ قىلىشى ۋە «ئادەم گۆشى» گۆشى يەيدىغان سورۇنلاردىن يىراق تۇرۇشى كېرەك ،ئادەم گۆشى يېيىشتىن غەيۋەت قىلىشنى كۆزدە تۇتتۇۋاتىمەن ،

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ :« يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اجْتَنِبُوا كَثِيرًا مِّنَ الظَّنِّ إِنَّ بَعْضَ الظَّنِّ إِثْمٌ وَلَا تَجَسَّسُوا وَلَا يَغْتَب بَّعْضُكُم بَعْضًا أَيُحِبُّ أَحَدُكُمْ أَن يَأْكُلَ لَحْمَ أَخِيهِ مَيْتًا فَكَرِهْتُمُوهُ وَاتَّقُوا اللَّهَ إِنَّ اللَّهَ تَوَّابٌ رَّحِيمٌ » تەرجىمىسى (ئى مۇئمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)؟ ، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر؟ ، (مۇئمىنلەرنىڭ ئەيىۋىنى) ئىزدىمەڭلار؟ ، بىر- بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار؟ ، سىلەردىن بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر؟ ، ئاللاھدىن قورقۇڭلار؟ ، ئاللاھ (تەۋبە قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان) تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر؟ (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر.)سۈرە ھۇجۇرات 12 -ئايەت

**الشيخ أبو يحيى الليبي (رحمه الله)**